بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

44- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللَّهُ يُرِيدُ الْآخِرَةَ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞ لَوْلَا كِتَابٌ مِنَ اللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۞ فَكُلُوا مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَالًا طَيِّبًا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) كۆزلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [67]. الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىيسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [68]. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، الله (الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش تىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر [69]» (سۈرە ئەنفال 67- ئايەتتىن 69- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاننىڭ بايان قىلىش ھالىتى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتىن ئەسىرلەر مەسىلىسىنى بايان قىلىشقا يۆتكىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۇسۇلمانلار بەزىبىر تەسەررۇپاتلارنى قىلغان ئىدى.

ئىبنى ئىسھاق غازات ۋەقەلىكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر كاپىرلارنى ئەسىرگە ئالغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن ياسالغان ساتىمدا ئىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه بولسا ساتىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قىلىچىنى سۇغارغان ھالدا بىر توپ ئەنسارىلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداپ تۇراتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىدنىڭ يۈزىدە كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: <الله بىلەن قەسەمكى ئى سەئىد! سەن كىشىلەرنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىسەنغۇ!؟> سەئىد: <الله بىلەن قەسەم، شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ بولسا الله مۇشرىكلارغا چۈشۈرگەن تۇنجى مۇسىبەت شۇڭا ئەسىرلەرنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش — ماڭا ئۇلارنى تىرىك قويۇپ قويغاندىن سۆيۈملۈكراقتۇر> دېدى».

ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى ئەسىرلەر ھەققىدە ساھابىلەردىن مەسلىھەت سوراپ: «شۈبھىسىزكى، الله ئۇ مۇشرىكلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بەردى» دېگەندى، ئۆمەر رضي الله عنه ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلارنىڭ بوينىلىرىغا چاپسىلا!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ يەنە: «ئى خالايىق! شۈبھىسىزكى، الله ئۇ مۇشرىكلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇلار تېخى تۈنۈگۈن سىلەرنىڭ بىر قەبىلىدىكى قېرىنداشلىرىڭلار ئىدى» دېدى. ئۆمەر رضي الله عنه يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلارنىڭ بوينىلىرىغا چاپسىلا!» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرگە يەنە ئىلگىرىكى سۆزىنى تەكرارلىدى. شۇ چاغدا ئەبۇبەكرى سىددىق رضي الله عنه ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سىنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلاردىن تۆلەم ئېلىشىڭنى توغرا دەپ قارايمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىدىن غەمكىنلىك ئالامىتى كۆتۈرۈلۈپ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى ۋە تۆلەم ئېلىشنى قوبۇل قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى نەقىل قىلغان ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: [بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ (ساھابىلەرگە قاراپ): «سىلەر ئەسىرلەر ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئەبۇبەكرى رضي الله عنه: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇلار سىنىڭ قەۋمىڭ ۋە سىنىڭ تۇغقانلىرىڭدۇر شۇڭا ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ تەۋبىگە چاقىرساڭ، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۆمەر رضي الله عنه: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار سېنى يالغانچىغا چىقاردى ۋە سېنى يۇرتۇڭدىن چىقىرىۋېتىشتى شۇڭا ئۇلارنى ئالدىغا چىقىرىپ بويۇنلىرىغا چاپقىن» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بولسا: «ئى رەسۇلۇللاھ، سەن ئوتۇن تولغان بىر ۋادىدا تۇرۇۋاتىسەن، شۇ ۋادىغا ئوت يېقىپ، ئۇلارنى شۇ ئوتقا تاشلىغىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماستىنلا ئورنىدىن تۇرغان پېتى كىرىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزىنى تۇتىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ياق، ئۆمەرنىڭكىنى تۇتىدۇ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ سۆزىنى تۇتىدۇ» دېيىشتى. بىر ئازدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ: «ھەقىقەتەن الله تعالى بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى شۇنداق يۇمشاق قىلىدۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قەلبلىرى لايدىنمۇ يۇمشاق بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى شۇنداق قاتتىق قىلىدۇكى، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرى تاشتىنمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ مۇنداق مىسال كەلتۈردى: «ئى ئەبۇبەكرى، سەن <ئى رەببىم، كىمكى ماڭا ئەگەشسە، ئەنە شۇ مەندىن؛ كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، سەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىملىكسەن> دەپ دۇئا قىلغان ئىبراھىمغا ئوخشايسەن. ئى ئەبۇبەكرى، سەن يەنە <ئى رەببىم، ئەگەر سەن ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ھەقىقەتەن ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر؛ ئەگەر سەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلساڭ، سەن ھەقىقەتەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى> دەپ دۇئا قىلغان ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن. ئى ئۆمەر، سەن <ئى رەببىمىز، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ۋەيران قىلغىن! ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى شۇنداق قاتتىق قىلغىنكى، ھەتتا ئۇلار ئېغىر ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمىسۇن> دەپ دۇئا قىلغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن. ئى ئۆمەر، سەن يەنە <ئى رەببىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن> دەپ دۇئا قىلغان نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن». رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر كەمبەغەل شۇڭا مۇشرىكلاردىن قايسى بىرى <ئەسىرلىكتىن قۇتۇلىمەن> دەيدىكەن ياكى تۆلەم تۆلىشى، ياكى بوينى ئۈزۈلۈشى كېرەك»].

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ، لېكىن سۇھەيل ئىبنى بەيزا ئىسلامنى تىللايتتى> دېگەندىم، رەسۇلۇللاھ سۈكۈتكە چۆمدى. مەن ئۆزۈمدىن <ئۈستۈمگە ئاسماندىن تاش يېغىپ كېتەرمۇ!؟> دەپ شۇ دەرىجىدە ئەنسىرىدىمكى، ھېچقاچان شۇ كۈندىكىدەك ئەنسىرەپ باقمىغان ئىدىم. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سۇھەيل ئىبنى بەيزا بۇنىڭدىن مۇستەسنا> دېدى. ئاندىن الله تعالى: <پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى> دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».

ھەقىقەتەن بەدر غازىتى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى جەڭ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، مۇشرىكلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. مۇشرىكلار ئىچىدە جەڭ قىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ئۇلارنىڭ شەۋكىتىنى (يەنى قۇۋۋىتىنى) زەئىپلەشتۈرەتتى، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى سۇندۇراتتى ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قايتا ھۇجۇم قىلالمايدىغان قىلىپ قوياتتى. مۇسۇلمانلار ھەر قانچە كەمبەغەل بولغان تەقدىردىمۇ ئەسىرلەردىن ئالغان تۆلەم مانا بۇ نىشاننىڭ ئورنىنى ھەرگىزمۇ باسالمايدۇ. بۇ يەردە كۆڭۈل ۋە قەلبلەردە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش نىيەت قىلىنغان يەنە بىر مەنا بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆمەر رضي الله عنه كەسكىن ۋە روشەن قىلىپ ئىپادىلىگەن: «ھەتتاكى الله تعالى قەلبلىرىمىزدە مۇشرىكلارغا نىسبەتەن قىلچىلىك يۇمشاقلىق يوقلۇقىنى بىلسۇن (يەنى يەر يۈزىگە ئاشكارا قىلسۇن)» دېگەن مەنىدۇر...

ئەنە شۇ يۇقىرىقى گەۋدىلىك ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن (قالغان سەۋەبلەرنى الله ئۆزى ئوبدان بىلگۈچىدۇر) الله تعالى مۇسۇلمانلارنىڭ بەدر كۈنىدە مۇشرىك ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكىنى يامان كۆردى. قۇرئان تېكىستى دائىم يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل رېئال شارائىتلارغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى».

دەل شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇنجى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرگەن مۇسۇلمانلارغا قۇرئان دارىتمىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر (فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر»...

يەنى سىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئەسىر ئالدىڭلار ۋە ئۇلارنى تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەردىڭلار.

«الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) كۆزلەيدۇ»...

يەنى مۇسۇلمانلار الله كۆزلىگەننى كۆزلىشى ۋاجىب چۈنكى بۇ ئەڭ ئەۋزەل ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. ئاخىرەت بولسا دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەشتىن ئادا-جۇدا بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. «الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»... («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

### ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، دۈشمەن مۇسۇلمانلاردىن كۈچلۈك ۋاقىتتا ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەستىن تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىش ياكى ئېھسان يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى ئەمما كاپىرلارنىڭ قولىدا مۇسۇلمان ئەسىر بار بولسا، ئەسىر ئالماشتۇرۇپ كاپىر ئەسىرلەرنى قويۇپ بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، دۇنيا ئەرزىمەس نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىقماسلىق، ئاخىرەتنىڭ ئەجىر-ساۋابى كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىقىشنىڭ لازىملىقى.

ئۈچىنچى، ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش — پايدا-زىياننى دەڭسەشكە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىھادىي مەسىلە بولۇپ، بۇنداق مەسىلىلەردە شۇ جىھاد مەيدانىدىكى ئۇرۇش ئەمىرىگە ئىتائەت قىلىنىش لازىملىقى.

تۆتىنچى، دۈشمەن ئەسىرلەرنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈش — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە زىت ئەمەسلىكى بەلكى زوراۋان كاپىرلارنى (يەنى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى) كۆپلەپ ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۈچىنى سۇندۇرغاندا، ئاندىن زېمىندا رەھمەت ۋە ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇ ئۈممىتى ئىچىدىكى جەننەتكە كىرىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۈستۈن دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ.

ئۇ ئۈممىتى ئىچىدىكى بىر بۆلەك كىشىلەرنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىگە شاپائەت قىلىدۇ.

ئۇ — ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى باراۋەر بولۇپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە شاپائەت قىلىدۇ شۇنداقلا دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرمەسلىكى ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ.

ئۇ يەنە، دوزاخقا كىرىپ بولغان گۇناھكار مۇئمىنلەرنىڭ دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىشىگە شاپائەت قىلىدۇ. بۇ شاپائەت رەسۇلۇللاھ ﷺ گىلا خاس بولماستىن پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، شەھىدلەر، سىددىقلار، سالىھلار ۋە مۇئمىنلەرمۇ بۇ شاپائەت ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

شاپائەتنىڭ ئىككى شەرتى بولۇپ، بىرى، الله نىڭ شۇ شاپائەت قىلغۇچىغا ئىزنى بېرىشى؛ يەنە بىرى بولسا، الله تعالى نىڭ شاپائەت قىلىنغۇچىدىن رازى بولۇشى.

ئاخىرىدا الله تعالى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ شاپائىتى بولماستىن ئۆزىنىڭ پەزلى، ئېھسانى، سېخىيلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن دوزاختىن چىقىرىدۇ شۇنداقلا ياخشى ئەمەللەرمۇ قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگە شاپائەت قىلىدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «روزا ۋە قۇرئان قىرائىتى قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگە شاپائەت قىلىدۇ» («صحيح الجامع الصغير»دىن ئېلىندى). ئەمما كاپىر ۋە مۇشرىكلار قىلچىمۇ شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الْآزِفَةِ إِذِ الْقُلُوبُ لَدَى الْحَنَاجِرِ كَاظِمِينَ مَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ﴾ «ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا دىللار (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىۋالىدۇ، ئۇلار قايغۇ-ھەسرەتكە تولىدۇ، زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ» (سۈرە غافىر 18- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا تَنْفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشَّافِعِينَ﴾ «شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)» (سۈرە مۇددەسسىر 48- ئايەت).

خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەندەك، قىيامەت كۈنى ئۆلۈم ئېلىپ كېلىنىپ بوغۇزلىنىدۇ. ئاخىرەت ھاياتىنىڭ يوقالماستىن مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى — الله ئۆزىنىڭ جەننەت ئەھلى بولغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا ئىنئامى بولغان بولسا، دوزاخ ئەھلىگە نىسبەتەن ئۇلارنى غەمگە تاشلايدىغان ئەڭ ئەشەددىي خاپىلىقتۇر.

ئۆلۈم — كۆزگە كۆرۈنمەس مەنىۋىي نەرسە بولۇپ، الله ئۇنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان جىسىمغا ئايلاندۇرىدۇ-دە، جەننەت بىلەن

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

دوزاخ ئوتتۇرىسىدا بوغۇزلىنىدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەت تەرەپكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخ تەرەپكە ئۆتكەندە ئۆلۈم جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىغا كەلتۈرۈلۈپ بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر نىدا قىلغۇچى: <ئى جەننەت ئەھلى! سىلەرگە ھېچ ئۆلۈم يوقتۇر، ئى دوزاخ ئەھلى! سىلەرگە ھېچ ئۆلۈم يوقتۇر> دەپ نىدا قىلىدۇ-دە، بۇ نىدا جەننەت ئەھلىنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلسا، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىغا ئازابنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

## ئىماننىڭ ئالتىنچى رۇكنى: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شەكسىز ۋە جەزمى ھالدا شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇكى، كائىناتتىكى ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق الله نىڭ تەقدىرىسىز بارلىققا كەلمەيدۇ.

الله تعالى ھەر نەرسىگە قادىر بولۇپ، ئۇ خالىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭغا مۇمكىنسىز ئەمەستۇر. ئۇ خالىغىنىنى قىلىدىغان زاتتۇر. ھېچ شەيئى ئۇنىڭ ئىرادىسىسىز، تەدبىرىسىز ۋە قۇدرىتىسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ھېچبىر شەيئى الله نىڭ خالىشىدىن ۋە تەقدىرى (يەنى ئورۇنلاشتۇرۇشى)دىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

الله ئۆتمۈشتىكى بارچە نەرسىلەرنى بىلىدۇ شۇنداقلا ھازىر بولۇۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئەزەلدىن بىلىدۇ.

ئۇ يەنە شۇ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ مەلۇم ۋاقىتلاردا ۋە مەلۇم سۈپەتلەر بىلەن يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن بىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىشلار الله تەقدىر قىلغان ئۆلچەم بويىچە يۈز بېرىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ حُذَيْفَةَ رضي الله عنه، قَالَ: «صَلَّيْتُ مَعَ النَّبِيِّ ﷺ ذَاتَ لَيْلَةٍ، فَافْتَتَحَ الْبَقَرَةَ، فَقُلْتُ: يَرْكَعُ عِنْدَ الْمِائَةِ، ثُمَّ مَضَى، فَقُلْتُ: يُصَلِّي بِهَا فِي رَكْعَةٍ، فَمَضَى، فَقُلْتُ: يَرْكَعُ بِهَا، ثُمَّ افْتَتَحَ النِّسَاءَ فَقَرَأَهَا، ثُمَّ افْتَتَحَ آلَ عِمْرَانَ، فَقَرَأَهَا يَقْرَأُ مُتَرَسِّلًا؛ إِذَا مَرَّ بِآيَةٍ فِيهَا تَسْبِيحٌ سَبَّحَ، وَإِذَا مَرَّ بِسُؤَالٍ سَأَلَ، وَإِذَا مَرَّ بِتَعَوُّذٍ تَعَوَّذَ، ثُمَّ رَكَعَ، فَجَعَلَ يَقُولُ: <سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ>، فَكَانَ رُكُوعُهُ نَحْوًا مِنْ قِيَامِهِ، ثُمَّ قَالَ: <سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ>، ثُمَّ قَامَ طَوِيلًا قَرِيبًا مِمَّا رَكَعَ، ثُمَّ سَجَدَ، فَقَالَ: <سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى>، فَكَانَ سُجُودُهُ قَرِيبًا مِنْ قِيَامِهِ (رواه مسلم).

## ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ھۇزەيفە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ (نامازدا) سۈرە بەقەرەنى باشلىدى. مەن (كۆڭلۈمدە): <يۈز ئايەت بولغاندا رۇكۇ قىلىدۇ> دەپ ئويلىدىم، ئۇ (يۈز ئايەتتىن) كېيىنمۇ داۋاملىشىۋەردى. مەن يەنە (كۆڭلۈمدە): <سۈرە بەقەرەنى مۇشۇ بىر رەكئەتتە ئوقۇيدۇ> دەپ ئويلىدىم، ئۇ بۇ سۈرىدىن كېيىن سۈرە نىسانى قىرائەت قىلىشقا باشلىدى، ئاندىن كېيىن سۈرە ئال ئىمرانىنى باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ سۈرىلەرنى ئالدىرىماي قىرائەت قىلدى، تەسبىھ بار ئايەتنى ئوقۇغاندا تەسبىھ ئېيتاتتى، دۇئا ئايىتىنى قىرائەت قىلغاندا دۇئا قىلاتتى، پاناھ تىلەش ئايىتىنى ئوقۇغاندا پاناھ تىلەيتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ رۇكۇ قىلىپ: <**سبحان ربي العظيم**> (ئۇلۇغ رەببىمنى پاك دەپ ياد ئېتىمەن) دېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ رۇكۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىيامىغا ئوخشاش دەرىجىدە بولدى. ئاندىن كېيىن: <**سمع الله لمن حمده، ربنا ولك الحمد**> (الله ئۆزىنى مەدھىيىلىگەن بەندىنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلايدۇ. ئى الله! بارلىق مەدھىيىلەر ساڭىلا خاستۇر) دېدى. ئاندىن كېيىن رۇكۇ قىلغان مۇددەتكە يېقىن دەرىجىدە قىيامدا تۇردى. ئاندىن كېيىن سەجدە قىلىپ: <**سبحان ربي الأعلى**> (ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان رەببىمنى پاك دەپ ياد ئېتىمەن) دېدى. ئۇنىڭ سەجدە قىلغان مۇددىتى قىيام مۇددىتىگە يېقىنراق بولدى (مۇسلىم توپلىغان).

## ھەدىسنىڭ شەرھىسى

پەيغەمبەر ﷺ بەزى كېچىلىرى بەزىبىر ساھابىلىرى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى. بەزىدە ھۇزەيفە **رضي الله عنه** بىلەن ناماز ئوقۇسا، بەزىدە ئىبنى مەسئۇد **رضي الله عنه** بىلەن، يەنە بەزىدە بولسا ئىبنى ئاببىاس **رضي الله عنه** بىلەن ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ﷺ كۆپ ۋاقىتلاردا كېچىلىك نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇيتتى چۈنكى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كېچىلىك نامازنى دائىم جامائەت بولۇپ ئوقۇش مەشرۇئ (يوللۇق) ئەمەس.

پەيغەمبەر ﷺ قىرائەت، زىكىر، دۇئا ۋە تەپەككۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرەتتى چۈنكى دۇئا قىلىدىغان يەردە دۇئا قىلىپ، پاناھ تىلىگەن يەردە پاناھ تىلەپ، تەسبىھ ئېيتقاندا تەسبىھ ئېيتىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قىرائىتىنى ئوي-پىكىر يۈرگۈزۈپ قىلىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق شۇڭا بۇنداق قىرائەت، زىكىر، دۇئا ۋە تەپەككۇر بىلەن قىيامدا تۇرۇش — زىكىر باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ بەش پارىدىن كۆپرەك چىقىدىغان بۇ ئۈچ سۈرىنى تۇگەتمىگۈچە رۇكۇ قىلمىدى. نېمىدىگەن ئۇزۇن مۇددەت-ھە! دەل مۇشۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ﷺ ئىككى پۇتى ئىششىپ يېرىلىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىلىك قىيامدا تۇراتتى. ھەتتا ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇ بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇزۇن قىيامدا تۇرۇشقا سەۋر قىلالمىغانلىقتىن پەيغەمبەر ﷺ نى تاشلاپ قويۇپ ئولتۇرۇۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى.

پەيغەمبەر ﷺ نامىزىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنى ئۆزئارا مۇناسىپ ھالەتتە تەڭشەيتتى. مەسىلەن، قىرائەتنى ئۇزۇن قىلسا رۇكۇ، سەجدە، رۇكۇدىن كېيىنكى قىيام ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرۇش دېگەنلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق مىقداردا ئۇزارتاتتى.

## ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز-ئۆزىنى تائەت-ئىبادەتكە بېسىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدتەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقى. چۈنكى ئۇ بۇنداق مۇشەققەتلىك ئەمەللەرنى پەقەت الله نى رازى قىلىش ئۈچۈنلا قىلاتتى شۇڭا الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ» (سۈرە فەتھ 29- ئايەت).

ئىككىنچى، كېچىلىك ناماز (تەھەججۇد نامىزى)نى ئارىلاپ-ئارىلاپ جامائەت بولۇپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى. ئەمما رامىزاندا جامائەت بولۇپ ئوقۇش بولسا مۇستەھەبتۇر.

ئۈچىنچى، كېچىلىك نامازدا رەھمەت ئايىتىنى ئوقۇغاندا الله تىن رەھمەت سوراش، جەننەت زىكىر قىلىنغاندا جەننەتنى سوراش، ئازاب ۋە دوزاخ زىكىر قىلىنغاندا الله تىن پاناھلىق تىلەش، الله نى ئۇلۇغلايدىغان ۋە الله قا تەسبىھ ئېيتىدىغان ئايەتنى ئوقۇغاندا الله نى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى. ئەمما پەرز نامازلاردا بولسا مۇستەھەبمۇ ئەمەس ۋە مەكرۇھمۇ ئەمەستۇر.

تۆتىنچى، نامازدا سۈرىلەرنى قۇرئاندىكى تەرتىپ بويىچە ئوقۇشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى ئەمما كېيىنكى سۈرىنى بۇرۇن ئوقۇپ ئالدىدىكىنى كېيىن ئوقۇشنىڭمۇ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلغانلىقى — «**سبحان ربي العظيم**» ۋە «**سبحان ربي الأعلى**» دېگەن زىكىرنى كۆپ تەكرارلاۋېرىشنىڭ مۇستەھەبلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ﷺ قىلىپ كەلگەن «**سبحانك اللهم وبحمدك، اللهم اغفرلي**» ۋە «**سبوح قدوس رب الملائكة والروح**» دېگەنگە ئوخشىغان زىكىر ۋە دۇئالارنىمۇ قوشۇپ قىلىش ھەم مۇستەھەبتۇر.

ئالتىنچى، «**سبحان ربي العظيم**» ۋە «**سبحان ربي الأعلى**» دېگەن تەسبىھلەرنىڭ ئەڭ ئاز ئۆلچىمى بىر قېتىم، ئەڭ ئاز بولغان كامىل ئۆلچىمى ئۈچ قېتىم بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىلىشنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكى لېكىن پەرز نامازغا ئىمام بولغاندا نورمال قىلىش لازىملىقى.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بەشىنچى، قوشۇننى جەڭگە تەرتىپ قىلغاندا 15 ياشقا كىرمىگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىش پەرز كۈپايە جىھادقا مۇناسىۋەتلىكتۇر ئەمما بۇگۈنكى كۈندىكىدەك پەرز ئەين جىھادتا ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش ياكى قايتۇرۇۋەتمەسلىك ئەسكىري مەسئۇلنىڭ ئىجتىھادىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر.

ئالتىنچى، ساھابىلەرنىڭ يېشى توشمىغان باللىرىنى جەڭگە ئېلىپ چىقىشىدەك پىداكارلىق روھى.

يەتتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېچىدە قوشۇنغا ھارىسلارنى (يەنى پوستىلارنى) بېكىتىشتىن ئىبارەت ئىنچىكە تەدبىرى ۋە ساھابىلەرنىڭ كېچىدە ھارىسلىقتا تۇرۇشتەك جاپالارغا چىدامچانلىقى.

سەككىزىنچى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئۆز قوشۇنىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭگە ھازىر بولۇشتىن بۇرۇن ئېلىپ كەتمەي جەڭگە ھازىر بولغان ھالقىلىق پەيتتە ئېلىپ كېتىشى — مۇجاھىدلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى تېخىمۇ سۇندۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت ھەر زاماندىكى مۇناپىقلارنىڭ يولىدۇر.

توققۇزىنچى، بىر ھاكىم ئاستىدىكى بىر نەچچە قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەر بىرىنى بىر كەتىبە قىلىپ تەشكىللەش مىللەتچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق ئەمەستۇر بەلكى بۇ — مۇجاھىدلارنى ئىدارە قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىق ئۇسۇلدۇر.

ئونىنچى، گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئەمما ئەمىرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش گۇناھىنىڭ بولسا مەغلۇبىيەتكە بىۋاستە ۋە تېخىمۇ بەكرەك سەۋەب بولىدىغانلىقى.

ئون بىرىنچى، قوشۇن جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن قوماندانىنىڭ مۇجاھىدلارغا نۇتۇق ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.

ئون ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارغا غەلىبە ۋەدە قىلغاندا: «ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، غەلىبە قىلىسىلەر» دەپ دىققەت بىلەن ئىنچىكە ۋەدە قىلغانلىقى شۇڭا ساھابىلەر دەسلەپتە سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قىلغان، كېيىن ئىتائەتكە سەۋر قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلەنگەن.

ئون ئۈچىنچى، مەيلى ئەسكىري مەسئۇل بولسۇن ياكى ئائىلە مەسئۇلى بولسۇن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشقا بۇيرۇغاندا بۇيرۇقنى مۇجمەل، بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە قىلماستىن بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنچىكىلىگەندەك بۇيرۇقنى تەپسىلى ئىزاھلاپ تاپىلاش كېيىنكى چاتاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

## جەڭ ئوتىنىڭ تۇنجى يېقىلغۇسى

مۇشرىكلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشى تەلھە ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئەبدەرى بولۇپ، قۇرەيش چەۋەندازلىرىنىڭ ئەڭ باتۇرى ئىدى. ئۇ زىيادە شىجائەتلىك بولغانلىقتىن مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنى «مۇشرىكلار توپىنىڭ سەركىسى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ تۆگىگە مىنىپ مۇبارىزە (يەنى جەڭگە چۈشۈش)گە چاقىرغان ھالدا چىقىپ كەلدى. ھېچكىم ئۇ تەرەپكە ئىلگىرىلىيەلمىدى لېكىن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رضي الله عنه مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا مۆھلەت بەرمەستىن خۇددى يولۋاستەك بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ تۆگىسىگە مىنگىشىۋېلىپ تۇرۇپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى-دە، ئارقىدىنلا قىلىچى بىلەن بوغۇزىغا چاپتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ تەكبىر ئېيتتى، مۇسۇلمانلارمۇ تەكبىر ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زۇبەير رضي الله عنه غا: «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ھاۋارىيسى (يەنى ئەڭ بەك قوللىغۇچىسى) بار، مېنىڭ ھاۋارىيىم زۇبەير» دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۇرۇش كەسكىنلىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشتا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ بايراقدارلىرىنى ئۆلتۈردى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رضي الله عنه شەھىد قىلىندى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاجايىپ پىداكارلىق نامايەن بولدى. ئاندىن كېيىن الله تعالى مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى، مۇشرىكلار بولسا ئاياللىرىنى ئېلىپ قېچىشتى. مۇشرىكلارنىڭ بايرىقى يەرگە يىقىلدى، ئۇنى كۆتۈرىدىغان ھېچكىم چىقمىغانلىقتىن يىقىلغان پېتى قالدى. مۇشرىكلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئابدۇددار جەمەتىدىن ئون كىشى ئارقىمۇئارقا مەيدانغا چىقىپ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاتلىق مۇشرىكلارنى باشلاپ ئوقياچىلارغا ھۇجۇم قىلغانىدى، ئوقياچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۇمۇ چېكىندى.

ئوقياچىلار ئېگىزدە بولغاچقا جەڭ مەيدانىدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇراتتى شۇڭا ئۇلار جەڭ نەتىجىلىرى، مۇشرىكلارنىڭ قېچىۋاتقانلىقى ۋە غەنىيمەتلەرنى كۆرگەنلىكتىن ئۆزئارا بىر-بىرىگە غەنىيمەتلەرنى قولدىن بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىشتى. ئاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمچى قىسمىدا چېكىنىش يۈز بېرىپلا قالماستىن بەلكى ھۇجۇمدىن توختاپ قىلىشتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇشرىكلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئوقياچىلارنىڭ تاغنى بوش قويۇپ قويغانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئارقىسىنى قورشاش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ ئاتلىقلىرىنى باشلاپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئەسنادا بىرى: «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى!!!» دەپ ۋارقىرىغانىدى، مۇسۇلمانلار چېكىنىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلۇشتى، شۇ تۇپەيلى ئۇلار تۇيماستىن بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ سالدى. ئۇلاردىن بىر تائىپىسى مەدىنە تەرەپكە چېكىندى. كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى يالغۇز تاشلاپ قويغان پەيتتە الله نىڭ پەيغەمبىرى چېكىنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆزى تەرەپكە چاقىرغانىدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قايتىپ كېلىشتى. مۇشرىكلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى-دە، ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈشتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ يۈزى قان بولۇپ، ئۇدۇل چىشلىرى سۇنۇپ كەتتى. ئۇ تەلھە، زۇبەير رضي الله عنهما ۋە بىر بۆلەك ئەنسارىلار بىلەن بىرلىكتە جىلغىدىن ئېگىزلىككە قاراپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە: «مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ كاتتا ھەمراھلىرىنى ھالاك قىلىپ بولدۇق» دەپ ئويلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنى پارچىلاش بىلەن ئاۋارە بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن ئىشلار ئەسلى ھالىتىگە قايتتى.

## يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، بىر كىشىنىڭ بەك باتۇرلىقى — ئۇنىڭ يولىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدىغانلىقى.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زۇبەير **رضي الله عنه** نى ھەۋارىيىم (يەنى ئەڭ بەك قوللىغۇچۇم) دېگەنلىكى — ھەرگىزمۇ ئەبۇ بەكرى **رضي الله عنه** ۋە ئۆمەر **رضي الله عنه** غا ئوخشاش باشقا ساھابىلەرنىڭ پەزىلىتى زۇبەير **رضي الله عنه** دىن تۆۋەن دېگەننى ئۇقتۇرمايدىغانلىقى. مەسىلەن، ئەبۇ بەكرى **رضي الله عنه** ئومۇمىي جەھەتتە ئۆمەر **رضي الله عنه** ۋە زۇبەير **رضي الله عنه** لاردىن ئەۋزەل لېكىن ئۆمەر **رضي الله عنه** نى «فارۇق» (ھەق-ناھەقنىڭ ئارىسىنى بەك ئايرىغۇچى) دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئەبۇ بەكرى **رضي الله عنه** ھەق-ناھەقنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس بەلكى بۇ ئۆمەر **رضي الله عنه** نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلەرنى مەلۇم سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى — ھەرگىزمۇ بۇ سۈپەتنىڭ باشقا ساھابىلەردە يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ بەلكى بۇ سۈپەتنىڭ شۇ ساھابىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، جەڭدە پىداكارلىق قىلغان مۇجاھىدلارنى ئەمىرنىڭ ماختىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى لېكىن بۇ مۇجاھىد شۇ ماختاش سەۋەبىدىن مەغرۇرلىنىدىغان بولۇپ قالماسلىقى مۆلچەرلەنگەن بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

تۆتىنچى، مۇجاھىدلار دۈشمەننىڭ باش بايراقدارىنى (يەنى كاتتىۋىشىنى) دەسلەپتە ئۇجۇقتۇرۇۋەتسە دۈشمەننىڭ مەنىۋىيىتى چۈشۈپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە پۇرسەت يارىتىلىدىغانلىقى.

بەشىنچى، جەڭدە ئېگىز دۆڭلۈك ۋە تاغلارنىڭ بەك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك (يەنى ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتقۇچى) ئورۇن ئىكەنلىكى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ بۇنداق ئورۇنلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھېرىس بولۇشىنىڭ لازىملىقى.

ئالتىنچى، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈزى ياكى گېلى ۋە ياكى قايسى بىر ئەزاسى بولسۇن قانداق يېرىگە ئۇرۇش قولاي بولسا شۇنداق يېرىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنىڭ لازىملىقى.

دۈرۈس ئىكەنلىكى لېكىن دۈشمەن قولىمىزغا چۈشكەن پەيتتە قايسى ئۇسۇل ئۇنىڭ جېنىنىڭ تېزراق چىقىشىغا سەۋەب بولسا شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈش لازىملىقى.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئەقىدە يىلتىزلىرى

مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش بولسا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئىدىيە تارىخىدىكى يىلتىزى خاۋارىجلار دەۋرىگە تۇتىشىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ مەسىلە نۇرغۇن ئەۋلادلارغا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ھادىسە ئۆلىمالار تىلغا ئالغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە سەۋەب تۈپەيلىدىن قايتا ئويغاندى:

بىرىنچى، ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە ھېچكىمنىڭ ھېساب ئېلىشىغا ھەتتا ھاكىمىيەتنىڭ ۋە زالىم تاغۇتلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا يەنچىلىۋاتقان ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنىڭمۇ ھېساب ئېلىشىغا ياكى سوئال-سورىقىغا يولۇقماستىن دىنسىزلىق، پاسىقلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ كەڭ تارقىلىشى.

ئىككىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى تەرىپىدىن ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە ئۇرۇش ئېچىلىشى، تۈرمىلەرنىڭ دەۋەتچىلەرگە لىق تولۇشى ۋە قىينىغۇچىلار بىلەن گۇندىپايلار تەرىپىدىن كۇفرى سۆزلەرنىڭ سۆزلىنىشى بىلەن بىرگە ئەڭ ۋەھشىيانە ئازابلاش تۈرلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى.

ئۈچىنچى، مۇشۇ قىيىن شارائىتتا تۈزۈلگەن بىر قىسىم ئىسلامىي كىتابلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە يامرىشى. بۇ كىتابلار مۇشۇ ئىدىيىنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ھامىلدار بولدى. بۇ ئىدىيە مۇشۇ جامائەتنىڭ قۇچىقىدا بىقىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشقۇنلۇق ۋە زوراۋانلىق تامغىسى بېسىلدى.

تۆتىنچى، ئىلگىرىكى سەۋەبلەرنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدىغان يەنە مۇنداق سەۋەبلەرمۇ مەۋجۇت:

دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە قەلب كۆزلىرى زەئىپ بولۇش، شەرىئەت تېكىستلىرىنى چۈشىنىشتە زاھىرلىق (يەنى تېكىستلەرنىڭ مەنا-مەقسەتلىرىگە پەقەت قارىماسلىق) مەزھىپىگە ئېغىپ كېتىش، بىر نەرسىگە «ھارام» دەپ ھۆكۈم قىلىشتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، مەنا ۋە چۈشەنچىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، بىر قىسىم ئىسلام ھەرىكىتى يېتەكچىلىرىنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىنى سۈيۇقلاشتۇرۇۋېتىشى، مۇھكەم (پەقەت بىر مەنا ئېھتىماللىقى بولغان تېكىست)نى تاشلاپ قويۇپ مۇتەشابىھ (يەنى بىردىن كۆپ مەنا ئېھتىماللىقى بولغان تېكىست)گە ئېسىلىۋېلىش، تارىخ، رېئال شارائىت، كائىنات ۋە ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەمدە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مەنھەجى (يەنى يولى) قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشنىڭ زەئىپلىكى.

### بۇ جامائەتنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى

بۇ جامائەت مىسىرنىڭ كۆپلىگەن ۋىلايەتلىرىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، خۇسۇسەن، سەئىد رايونىدا كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ يەنە يەمەن، ئىئوردانىيە، ئالجىرىيە... دېگەندەك كۆپلىگەن ئەرەب ئەللىرىدە ھەم مەۋجۇت.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ ئايان بولدىكى، بۇ جامائەت (يەنى ھىجرەت ۋە تەكفىر جامائىتى) ئاشقۇن جامائەت بولۇپ، گۇناھى كەبىرىلەر (يەنى چوڭ گۇناھلار)نى قىلىپ ئۇنىڭغا داۋاملاشقان كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە ھاكىملارنى «ئۇلار اللہ نىڭ شەرىئىتى (يەنى قانۇنى) بىلەن ھۆكۈم قىلىشمايدۇ» دېگەن باھانە بىلەنلا تەپسىلىي ئايرىماستىن مۇتلەق ھالدا كاپىرغا چىقىرىش... قاتارلىقلار ئارقىلىق خاۋارىجلىق ئىدىيىسىنى قايتا تىرىلدۈرگەن ھەمدە ئۇلار شۇ ھاكىمنىڭ سۇلتانلىقى ئاستىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان پۇقرالارنى «بۇلار مانا شۇ ھۆكۈمراننىڭ قانۇنىغا رازى بولدى» دېگەن باھانە بىلەن كاپىرغا چىقارسا، ئۆلىمالارنى «بۇلار ئەنە شۇ ھاكىم (يەنى ھۆكۈمران)لارنى كاپىر دېمىدى» دېگەن باھانە بىلەن كاپىرغا چىقىرىدۇ.

شۇنىڭدەك، ھىجرەت بۇ جامائەتنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىككىنچى ئاساسىي ئامىل بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ماكان ۋە ھېسسىي جەھەتتە ئايرىلىپ ھەم چەتنەپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىشىدۇ. مەسىلەن، «جاھىلىيەت ئىبادەتخانىلىرى» (يەنى مەسجىدلەرنى دېمەكچى)دىن ئايرىلىپ تۇرۇش (كاپىر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى مۇسۇلمان خەلقنى كاپىرمۇ دېمەي مۇسۇلمانمۇ دېمەي توختاپ تۇرۇش) ۋە ئېنىقلاشنىڭ ۋاجىبلىقى... قاتارلىقلار.

دېمەك، كۆرسەتمە قوبۇل قىلىش ۋە دەلىل سۈرۈشتە قىلىش مەنبەلىرىدە، كۇفۇر ۋە ئىمان مەسىلىلىرى ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن بىر تالاي مەسىلىلەردە بۇ جامائەتنىڭ مەنھەج ھەم ئىدىيىلىرىنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مەنھەجىگە قانچىلىك دەرىجىدە خىلاپ ئىكەنلىكى ھېچ مەخپىي ئەمەستۇر.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بىر چېدىرسىمان ئۆي بىر قانچە ئادەم تەرىپىدىن ئۈچ سائەت ئىچىدە ياسىلىپ بولىدۇ ۋە ئىككى سائەتتە چۇۋۇلۇپ بولىدۇ. قىرغىزلار قىش ۋە ياز پەسىللىرى قوتاز، قوي، ئۆچكە، ئات-كالىلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ئېلىپ كۆچۈشىدۇ (بەزى قىرغىزلار باھار پەسلى قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم كۆچىدۇ). ۋاغجىر جىلغىسى قىشلىق چارۋىچىلىق تۇرالغۇسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يازدا ئاقبېلۇسقا كۆچىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىز دەل-دەرەخسىز بىر تۈزلەڭلىككە چېدىرىمىزنى تىكتۇق. مەن ئۇيەر-بۇيەردە 1.5 مېتىر ئۈزۈنلۇقتا مۈڭگۈزى بولغان ئارقارنىڭ باش سۆڭىكىنى بايقىدىم. دەريا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ئۈچ كىلومېتىر داۋاملاشقاندىن كېيىن بىر مۇزلۇقتا ئاخىرلاشتى.

يەتتىنچى كۈنى بىز تېك يانتۇلۇققا قاراپ 200 مېتىر ئۆرلىگەندىن كېيىن بىر قاقاس جىلغا ۋە بىر قانچە يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى دەل-دەرەخسىز تۈزلەڭلىككە قاراپ شەرق تەرەپكە تۆۋەنلىدۇق.

جەنۇب تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرى ئېگىزرەك ئىدى، بىز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان بىر قانچە پارچە كىچىك مۇزلۇقلارنى كۆردۇق. يۇمىلاق تاشلاردىن ئۆتۈپ ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4950 مېتىر بولغان ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىگە كەلدۇق. بۇ يەردە ئافغان ۋە خىتاي تىللىرىدا يېزىلغان چېگرا بەلگىسى بار ئىدى. يىراق شەرق تەرەپتە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5000 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان قارلىق تاغلار بار ئىدى.

بىر قانچە يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى مۇزلۇق شىمال تەرەپتىن تۆۋەنلەيتتى. بىز مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى بۇرجىكىگە بىر قانچە يۈز مېتىر قالغىچە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، مۇزلۇق ئېقىتىپ كەلگەن 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر مۇز ۋە تاشلاردىن شەكىللەنگەن دۆۋىنى بايقىدۇق. بۇ يەر ئۆش دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئورنى ئىكەن. سۇلار بىر قانچە نۇقتىدىن قوشۇلۇپ ئېقىن ھاسىل قىلاتتى. ئېقىن ئارىلىقتا بۇ ئېقىن بىر قانچە تارماققا بۆلۈنۈپ، جەنۇبىي ئېقىندا بىرلىشەتتى. ئاخىرىدا بۇ ئېقىن سۈزۈك سۇلۇق بىر قانچە مېتىر كەڭلىكتىكى بىر قانچە كىچىك ئېقىنغا بۆلۈنۈپ غەرب تەرەپكە ئېقىپ كېتەتتى.

كېيىنكى كۈنى بىز شەرقىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن ئوڭ تەرەپ قىرغاقتىكى دەريا ساھىلىنى بويلاپ تۆۋەنلىدۇق. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن لايلىق تارماق ئېقىن يوقۇلۇپ كەتتى. بۇ ئېقىن پاكىستانغا يىراق بولمىغان جەنۇب تەرەپتىكى ئۇزۇن مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى قىرغىقىدىن ئېقىپ كېلەتتى.

### چاقماقتىن كۆلى ـ قەلئە جىلغىسى (Qala Jilga) ـ سايئۇتىك (Sayutik) ـ ئاق بېلۇس

توققۇزىنچى كۈنى بىز كېلىش يولىمىز بىلەن قايتتۇق. قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ يازلىق تۇرالغۇلىرىغا كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تاشلاردىن ياسالغان كىچىك ئۆيلىرى چۆلدەرەپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئاندىن كىچىك پامىرغا مېڭىش ئۈچۈن ئازراق شەرققە بۇرۇلدۇق. قىرغاقلىرىدا تۇز دانچىلىرى بولغان بىر تۈزلۈق ئىسسىق بۇلاقتىن ئۆتتۇق، كىچىك پامىر دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېرىقچىسىنىڭ شىمال تەرەپتىكى جىلغىدا يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆردۇق. بىز ئېگىزلىكسىمان بىر چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، چاقماقتىن كۆلىنىڭ بويىغا ھەمدە فونتىنالىس مۇخى ۋە پاكار ئوت-چۆپلەر ئۆسكەن بىر يەرگە كەلدۇق. بىز بۇ يەردە پاشىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. كۆلنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدىن باشلاپ تاغنىڭ تۈۋىگىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىدى. 10 كىلومېتىر ئالدىمىزدا بىز بۇ كۆلنىڭ ئاقسۇ دەرياسىغا (بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاقسۇ دەرياسى ئەمەس) سۇ چىقىدىغان شەرقىي قىرغىقىدىن ئۆتتۇق.

ئونىنچى كۈنى بىز نۇرغۇنلىغان قوتاز ۋە قوي پادىلىرى بولغان بىر قانچە گۇرۇپپا ئائىلىلەردىن ئۆتۈپ قەلئە جىلغىسىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى 6 ئائىلىدە 12 دىن ئارتۇقراق كىشى تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى يۇرۇش ھويلىلىق ئۆيدە بىر گۇرۇپ ھەربىيلەر تۇراتتى. بىز كىچىك پامىرنىڭ مەسئۇلى بولغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئافغانىستان پامىرىدىكى قىرغىزلارنىڭ سانى 700 گە يېتەمەيدىكەن.

كېيىنكى ئىككى كۈندە بىز تاجىكىستان چېگرىسىدىكى گۇنجى باي (Gunji Bai)غا يېقىن بولغان، قەلئە جىلغىسىنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىگە توغرا كېلىدىغان ۋە قىرغىزلارنىڭ ئەڭ شەرقتىكى يازلىق چارۋىچىلىق تۇرالغۇسى ھېسابلىنىدىغان سايئۇتىككە بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدۇق.

ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سايئۇتىكنىڭ شىمالىدىكى بىر چۆللۈككە ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ چۆللۈكنىڭ كەڭلىكى 4 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، چۆللۈكتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئۈچ چوققىنى قارلار قاپلاپ تۇراتتى. بۇ چوققىلار شەرقىي تۈركىستان ياكى تاجىكىستانغا تەۋەدەك كۆرۈنەتتى.

7- ئاينىڭ 9- كۈنى بىز قەلئە جىلغىسىدىن ئايرىلىپ چاقماقتىن كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ چوڭ پامىرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ئاقبېلۇسقا قاراپ ماڭدۇق.

(اللہ خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# جىھاد چەشمىلىرى



■ 3- ئاينىڭ 31- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ خەماراۋىينى رايونىدا مەھمۇد ئىسىملىك بىر نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى داشارچى رايونىدىكى مەدرىستە قارىيلىق پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، بۇ ئورۇننى ئامېرىكا ئارمىيىسى بومباردىمان قىلىپ، مەدرىستىكى قارىيلار، ئاتا-ئانىلار ۋە بۇ مۇراسىمغا قاتناشقۇچى بىگۇناھ خەلق بولۇپ جەمئىي 150 نەپەر كىشىنى شەھىد قىلغان ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى جانىخىل رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ داۋۇت ئىسىملىك بىر نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلىنى قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتى جانارتو رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 40 نەپەر ئەسكەر ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىگە قېتىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تەخسىس يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئەسەد ئەسكەرلىرىدىن بىر قانچىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ يەردىن ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 4- ئاينىڭ 4- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ھەزرىمەۋت ۋىلايىتى خەجەر رايونىدا تاجاۋۇزچى بىرلەشمە قوشۇننىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 10 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 4 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ھەمدە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى گاردىس شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى مەسلىھەتچىسىنى ئىنىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 4- ئاينىڭ 5- كۈنى ئامېرىكىنىڭ نىۋادا شتاتى نېلىس ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا F-16 تىپلىق بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلان مەشىق جەريانىدا چۈشۈپ كەتكەن.

■ 4- ئاينىڭ 6- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرى ھاما ۋىلايىتىنىڭ تەھسىس يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر قانچە نەپەر ئەسەد ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا يەنە بىر دانە تراكسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 6- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئىككى دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 18 نەپەردىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 6- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ بەيدا شەھىرىدىن مەكراس شەھىرىگە قاراپ ماڭغان تاجاۋۇزچى ھۇسى ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 10 نەچچە نەپەر ھۇسى ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ جالالئاباد شەھىرىدە مۇھىم بىر نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلىنى قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 4- ئاينىڭ 7- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇ ئەتراپىدا ئىلشا رايونىنىڭ ئىستىخبارات مەسئۇلىنى قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ۋە قورال-ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئامېرىكىنىڭ «EMC» شىركىتى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادتا تۇنجى كىنوخانىنى ئىشقا كىرىشتۈرمەكچى. بۇ كىنوخانا 1980- يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئېچىلغان كىنوخانا بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 2030- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سەئۇدى ئەرەبىستاندا 350 كە يېقىن كىنوخانىنى قۇرماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 3 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ 1 دانە ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلغان ۋە بۇ پونكىتنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 10- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى، كېنىيە ئارمىيىسى ۋە سومالى ئارمىيىسى بىرلىكتە كىسمايو شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى بىلەن مۇجاھىدلار بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ 2 دانە ئەسكىري ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي زىيانلارنى سېلىپ بۇ كۆرەڭلىگەن شەيتان قوشۇنلىرىنى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 10- كۈنى خىتاينىڭ شەنشى ئۆلكىسى جىيەن ناھىيىسىدە 5 تونىدىن ئارتۇق پارتلىغۇچى ماددا توشۇغان بىر دانە يۈك ئاپتوموبىلى نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پارتلاپ كەتكەن. پارتلاشتا 7 نەپەر خىتاي ئۆلگەن ۋە 13 خىتاي يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ مەيدان ۋارداك ۋىلايىتىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىري بازىسىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 11- كۈنى روسىيىنىڭ ھاباروۋسك شەھىرىدە بىر دانە تىككۈچار ئايروپىلان ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقاندا چۈشۈپ كەتكەن، نەتىجىدە تىككۈچار ئىچىدىكى 6 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئالجىرىيىدە بىر دانە ھەربىي ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى 257 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن.

■ 4- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى جۇنۇد رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر ئەسكىري مەسئۇلىنى قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| إِلَى | غا، قا، گە، كە | ذَهَبَ أَبِي إِلَى الْكَاشِغَرِ | دادام قەشقەرگە كەتتى |
| عَلَى | ئۈستىدە، ئۈستىگە، ئۈستى | اللَّهُ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ | ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى |
| لَدَى | يېنىدا | أَكَلْنَا الطَّعَامَ لَدَي الْبَابِ | بىز ئىشىكنىڭ يېنىدا تاماق يېدۇق |
| مَعَ | بىلەن، بىللە | إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا دَائِمًا | ئاللاھ دائىم بىز بىلەن بىللە |
| مَكَانٌ | يەر، جاي | رَحَلَ مِنْ هَذَا الْمَكَانِ إِلَى مَكَانٍ آخَرَ | ئۇ بۇ جايدىن باشقا جايغا كۆچتى |
| اَمْكِنَةٌ | يەرلەر، جايلار | ذَهَبُوا إِلَى أَمْكِنَةٍ أُخْرَى | ئۇلار باشقا جايلارغا كەتتى |
| مِثْلٌ | ئوخشاش | لَيْسَ عَالِمٌ مِثْلُ هَذَا الرَّجُلِ إِلَّا قَلِيْلٌ | ئۇ كىشىگە ئوخشاش ئالىملار ئاز |
| اَخَرُ | باشقا، يەنە بىرى | نَاوِلْنِي كِتَابًا آخَرَ | ماڭا باشقا كىتابنى ئېلىپ بېرىڭ |
| سَكَنَ | ئولتۇراقلاشتى، ئولتۇردى | سَكَنَ خَارِجَ الْمَدِيْنَةِ | ئۇ شەھەر سىرتىدا ئولتۇراقلاشتى |
| رَحَلَ | كۆچتى | رَحَلَ مَعَ أُمِّهِ إِلَى مَكَانٍ آخَرَ | ئۇ ئانىسى بىلەن باشقا جايغا كۆچتى |
| ذَهَبَ | باردى، كەتتى | يذَهَبَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ إِلَى الْمَدْرَسَةِ | ئابدۇراھمان مەدرىسكە كەتتى |
| رَجَعَ | قايتتى | رَجَعَ أَحْمَدُ مِنَ السُّوقِ إِلَى الْبَيْتِ | ئەھمەد بازاردىن ئۆيگە قايتتى |

# سەبىيلەر سەھىپىسى



تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ۋە توغرا تاپالايدۇ؟

1. ئۈستىدە بار قاتمۇقات تونى، كىم سالدۇرسا يىغلىتار ئۇنى. ئۇ نېمە؟

2. يۈگۈلۈقتىن يۈگسىز چىقار، ئۆلۈكتىن تىرىك چىقار. ئۇ نېمە؟

3. تۆۋەندىكى شېئىري تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

بىر تۈپ دەرەخ، ئون ئىككى شاخ،
ھەر شېخىدا ئوتتۇز ياپراق.
ھەر ياپراقنىڭ بىر يۈزى قارا، بىر يۈزى ئاق،
قېنى ئويدان ئويلاپ تېپىپ باق.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. كېمە.
2. توك چەينەك.
3. ئېلېكتر چىراغ.

# ئائىلىلىكى رېتسېپلار

لىمون پارچىسىنى كۆپىنچە كىشىلەر چايغا دەملەپ ئىچىشكە ئامراق. لىموننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى بار. بۇلارنى بىلەمسىز؟

1. مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق تازىلاش

لىمون پارچىسىنى ئىلمان سۇغا سېلىپ مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا ئۈچ مىنۇت قىزىتقاندىن كېيىن بەش مىنۇت قويۇپ، سۇ سەل سوۋۇغاندىن كېيىن ئاشخانىدا ئىشلىتىدىغان قەغەز سۈرتكۈچ بىلەن ئوچاق ئىچىنى سۈرتكەندە پاكىز سۈرتكىلى بولىدۇ (إن شاء الله).

2. ئەمبەلنى تازىلاش

سەي توغرايدىغان ۋە گۆش توغراشقا ئىشلىتىدىغان ئەمبەل كۆندە دېگۈدەك ئىشلىتىلىدۇ. ئەمبەل ئۈستىدىكى بەزى قالدۇقلارنى پاكىز چىقىرالمىغاندا، ئاۋۋال ئەمبەل يۈزىگە بىر قەۋەت تۇز چېچىۋېتىپ ئاندىن بىر تال لىموننى ئىككى پارچە قىلىپ يالپاقلىغاندىن كېيىن لىمون پارچىسى بىلەن سۈرتكەندە پاكىز بولىدۇ (إن شاء الله).

3. سۇ جۈمىكىنى تازىلاش

سۇ جۈمىكىنى تولا ئىشلىتىش جەريانىدا جۈمەكنىڭ سىرتقى قەۋىتىگە ھەرخىل نەرسىلەر يېپىشىۋالىدۇ. ئۇنى لىمون پارچىسى بىلەن سۈرتكەندە پاكىز چىقىدۇ (إن شاء الله).

4. توڭلاتقۇدىكى غەيرى پۇراقنى يوقىتىدۇ

ئازراق پاختىنى يۇملاق قىلىپ تەخسە ئۈستىگە نەچچە تال قويۇپ، ئاندىن بىر تال لىموننى سىقىپ سۈيى بىلەن ھۆل قىلىپ توڭلاتقۇ ئىچىگە قويۇپ قويغاندا توڭلاتقۇدىكى غەيرى پۇراقلارنى يوقىتىدۇ (إن شاء الله).

5. چاي چەينىكىنى تازىلاش

چاي چەينىكىنى ئىشلىتىۋەرگەندە چەينەك دىۋارىدا سۇ دۇغلىرى قېلىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چەينەككە نەچچە پارچە لىموننى سېلىپ سۇ بىلەن قايناتقاندا سۇ دۇغلىرى پاكىز چىقىپ كېتىدۇ (إن شاء الله).

6. ئاشخانا بويۇملىرىنى يۇيۇش

تۆمۈردىن ياسالغان ئاشخانا بويۇملىرىدىكى ھەرخىل قالدۇقلارنى پاكىز يۇيالمىغاندا، لىمون سۈيى بىلەن يۇسا پاكىز چىقىدۇ (إن شاء الله).

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته